مەملىكەتلىك ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن
«ئىككى دەرس» بويىچە ئۆلگىلىك دەرسلىك

# دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىدىن ئومۇمىي بايان

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى تەكشۈرۈپ بېكىتتى



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

مەملىكەتلىك ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن «ئىككى دەرس» بويىچە
ئۆلگىلىك دەرسلىك

# دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىدىن ئومۇمىي بايان

مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى ۋە ئىدىيىۋى - سىياسىي
خىزمەتلەر مەھكىمىسى تەشكىللەپ تۈزدۈردى
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى تەكشۈرۈپ بېكىتتى


باش تۈزگۈچى: ۋۇ شۇچىڭ

تەرجىمە قىلغۇچىلار:
دىلمۇرات ئىدرىس
گۈزەل ئابلا
تۇرسۇنمۇھەممەت ئەخمەت
تاھىرجان ئۆمەر
ئەسقەر مۇھەممەت
ئابلىمىت ئەبەيدۇللا



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

邓小平理论和"三个代表"重要思想概论：维吾尔文/
教育部社会科学研究与思想政治工作司组编；地力木拉提等译。
—乌鲁木齐：新疆大学出版社，2003，9
全国普通高等学校"两课"示范教材
ISBN 7-5631-1780-6

Ⅰ．邓… Ⅱ．①教… ②地… Ⅲ．①邓小平理论 — 高等学校 —
教材 — 维吾尔语（中国少数民族语言）② "三个代表"
思想 — 高等学校 — 教材 — 维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ．A849 D261

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2003）第 083611 号

责任编辑：木叶沙尔·赛买提
吐尔逊·阿不都拉
安尼瓦尔·玉素甫
玛依努尔·木明
责任校对：阿达来提·牙合甫

# 邓小平理论和"三个代表"重要思想概论

地力木拉提，古孜丽，吐尔逊买买提
塔衣尔江，艾斯卡尔，阿布里米提 等译

新疆大学出版社出版发行
（乌鲁木齐市胜利路 14 号，邮编 830046）
各地新华书店经销
新疆新华印刷厂印刷
787×1092 毫米　16 开本　26.25 印张
2003 年 9 月 第 1 版　2003 年 9 月 第 1 次印刷
印数：0001 — 5000

ISBN 7-5631-1780-6　定价：32.00 元

بۇ كىتاب ئالىي مائارىپ نەشرىياتىنىڭ 2003 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى، 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.
本书根据高等教育出版社 2003 年 7 月第 1 版，第 1 次印刷版本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: مۇيەسسەر سەمەت
تۇرسۇن ئابدۇللا
ئەنۋەر يۈسۈپ
ماھىنۇر مۆمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت ياقۇپ

# دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىدىن ئومۇمىي بايان

تەرجىمە قىلغۇچىلار: دىلمۇرات ئىدرىس، گۈزەل ئابلا، تۇرسۇنمۇھەممەت ئەخمەت
تاھىرجان ئۆمەر، ئەسقەر مۇھەممەت، ئابلىمىت ئەبەيدۇللا

---

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14، پوچتا نومۇرى: 830046)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 787×1092 مم 1/16 باسما تاۋىقى: 26.25
2003 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى
2003 - يىل 9 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 0001 — 5000

---

ISBN 7 — 5631 — 1780 — 6
باھاسى: 32.00 يۈەن

## مۇندەرىجە


I باب دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى — زامانىمىز جۇڭگوسىنىڭ ماركسىزمى ...... 1

§1 . دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى ...... 1

1 . دەۋر تەرەققىياتىنىڭ تەلىپى ...... 1

2 . تارىخىي تەجرىبىلەرنىڭ ئىلمىي يەكۈنى ...... 4

3 . ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئەمەلىيىتى تەجرىبىلىرىنىڭ جەۋھىرى ...... 6

4 . نەزەرىيىدە يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ئۈلگىسى ...... 9

§2 . دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسى ۋە ئاساسىي مەزمۇنى ...... 11

1 . دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىر مۇكەممەل ئىلمىي سىستېما ...... 11

2 . دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ...... 13

§3 . دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ تارىخىي ئورنى ۋە يېتەكچى ئەھمىيىتى ...... 16

1 . دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى — ماركسىزمنىڭ زامانىمىز جۇڭگوسىدىكى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچى ...... 16

2 . جۇڭگونىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشتا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش شەرت ...... 21

II باب «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ماركسىزمنى جۇڭگولاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ يېڭى نەزەرىيىۋى مۇۋەپپەقىيىتى ...... 24

§1 . «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي، تارىخىي شارائىت ...... 25

1 . ھازىرقى دۇنيادىكى تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىش پارتىيە ۋە دۆلەتكە يېڭى تەلەپلەرنى قويىدى ...... 25

2 . زامانىمىز جۇڭگوسىدىكى تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىشنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەتكە قويغان يېڭى تەلىپى ...... 28

3 . پارتىيە تەرەققىياتىدىكى ئۆزگىرىشنىڭ پارتىيىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىغا قويغان يېڭى تەلىپى ...... 30

4 . پارتىيىنىڭ 80 نەچچە يىللىق كۈرەشلىرىدىكى تارىخىي تەجرىبىلەرنىڭ




此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

يەكۈنى ........ 32

2 § . «ئۈچكە ۋەكىللىق قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئاساسىي مەزمۇنى ........ 34

1. «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى ........ 34

2. «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ........ 40

3 § . «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنىڭ تارىخىي ئورنى ........ 49

1. تومۇرداش ئىلمىي سىستېما ........ 49

2. ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى ........ 52

4 § . «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچى ئەھمىيىتى ........ 54

1. پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشنىڭ نەزەرىيىۋى قىبلىنامىسى ........ 54

2. ئېلىمىز سوتسىيالىزمىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى قۇدرەتلىك نەزەرىيىۋى قورال ........ 56

3. پارتىيە قۇرۇش ئاساسى، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئاساسى، كۈچ ـ قۇۋۋەت مەنبەسى ........ 58

**Ⅲ باب ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش ........ 61**

1 § . جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىدىيىۋى لۇشيەنى ........ 61

1. پارتىيىنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئىدىيىۋى لۇشيەنىنىڭ قايتىدىن تۇرغۇزۇلۇشى، بېيىتىلىشى ۋە راۋاجلاندۇرۇلۇشى ........ 61

2. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنىڭ جەۋھىرى ........ 67

2 § . ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئىدىيىۋى لۇشيەنىنىڭ تۈپ تەلپى ........ 71

1. ئىدىيىدە ئازاد بولۇش بىلەن ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنىڭ بىرلىكى ........ 71

2. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە ئەمەلىيەتكە ھۆرمەت قىلىش، ئاممىغا ھۆرمەت قىلىش شەرت ........ 74

3 § . دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش روھىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇش ........ 77

1. پارتىيىنىڭ ئىلغارلىقىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ۋە ئىجادكارلىقىنى ئاشۇرۇشنىڭ ھەل قىلغۇچ ئامىلى ........ 77

2. ماركسىزملىق نەزەرىيە تەرەققىياتىنىڭ يېڭى مەنزىلىنى ئۆزلۈكسىز

ئېچىش ........ 82

IV باب سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى ۋە تۈپ ۋەزىپىسى ........ 88

§ 1 . جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئاساسىي نەزەرىيە مەسىلىسى ........ 88

1 . دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدىكى تۈپ مەسىلە ........ 88

2 . دېڭ شياۋپىڭنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى يىغىنچاقلىشى ........ 93

3 . دېڭ شياۋپىڭنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدىكى ئومۇملاشتۇرۇشىنىڭ زور ئەھمىيىتى ........ 96

§ 2 . سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى ۋە تۈپ مەقسىتى ........ 103

1 . سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى — ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ........ 103

2 . تەرەققىيات — پارتىيىمىزنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشىدىكى بىرىنچى مۇھىم ۋەزىپىسى ........ 106

3 . كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى ئۈزلۈكسىز ئەمەلگە ئاشۇرۇش، قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم ........ 114

V باب سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي پروگراممىسى، ئاساسىي تەجرىبىسى ........ 122

§ 1 . سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيىنىڭ شەكىللىنىشى ........ 122

1 . دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالى توغرىسىدىكى يېڭى ھۆكۈمى ........ 122

2 . سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالى ........ 127

§ 2 . پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنى ........ 133

1 . پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ شەكىللىنىشى ........ 133

2 . تۆت ئاساسىي پرىنسىپ — دۆلەت قۇرۇشنىڭ ئاساسى ........ 138

3 . ئىسلاھات — سوتسىيالىستىك جۇڭگونىڭ دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش يولى ........ 143

4 . ئىشىكنى سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش — دۆلىتىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەت چوقۇم چىڭ تۇتىدىغان ئاساسىي دۆلەت سىياسىتى ........ 148

5 . پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش ........ 154

§ 3 . پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي

پروگراممىسى ...... 158

1. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تۆۋەن پروگرامما بىلەن ئالىي پروگراممىنى بىرلىككە كەلتۈرگۈچى ...... 158

2. پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي پروگراممىسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ...... 161

§ 4 . جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى ئاساسىي تەجرىبىلەر ...... 164

1. پارتىيىنىڭ 13 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى بېسىپ ئۆتۈلگەن پەۋقۇلئاددە مۇساپە ...... 164

2. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نەزەرىيىدە يېڭىلىق يارىتىشىدىكى مۇھىم مۇۋەپپەقىيەتلەر ...... 166

**VI باب جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى** ...... 172

§ 1 . «ئۈچ قەدەم بويىچە مېڭىش»، زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇرۇش ...... 172

1. «ئۈچ قەدەم بويىچە مېڭىش» تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى ...... 172

2. ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ...... 177

3. زامانىۋىلاشتۇرۇش تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى ...... 182

§ 2 . ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك تەڭشىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېڭى تىپتىكى سانائەتلىشىش يولىغا مېڭىش ...... 186

1. يېڭى تىپتىكى سانائەتلىشىش يولىغا مېڭىپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ سەرخىللىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ...... 186

2. يېزا ئىقتىسادىنى ئەتراپلىق گۈللەندۈرۈپ، شەھەر ـ يېزىلارنىڭ بىر تۇتاش تەرەققىياتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ...... 194

3. غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىشىنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، رايون ئىگىلىكىنىڭ تەڭكەش راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ...... 198

4. ئىقتىسادنىڭ ئېشىش شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ سىجىل، تېز، ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ...... 201

§ 3 . دۆلەتنى پەن ـ تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسى ۋە سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش ... 205

1. پەن ـ تېخنىكا — بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ...... 205

2. دۆلەتنى پەن ـ تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش ...... 209

3. سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش ...... 214

**VII باب جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك ئىگىلىك** ...... 219

§1 . سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ........ 219

1. جۇڭگو بازىرى نىشان قىلىنغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ........ 219

2. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى نەزەرىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى ........ 222

3. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى نەزەرىيىسى بىلەن بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە مۇكەممەللىشىشى ........ 228

§2 . سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى مۇلۇكچىلىك قۇرۇلمىسى ........ 233

1. سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈم ........ 233

2. سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنىدا چىڭ تۇرۇش ........ 238

3. غەيرىي ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىلھام بېرىش، قوللاش ۋە يېتەكلەش ........ 244

§3 . سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى تەقسىمات تۈزۈمى ........ 249

1. ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، كۆپ خىل تەقسىمات ئۇسۇلى بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان تەقسىمات تۈزۈمى ........ 249

2. ئۈنۈمنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، ئادىللىققا ئېتىبار بېرىشتا چىڭ تۇرۇش ........ 253

VIII باب جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك سىياسىي ........ 262

§1 . سوتسىيالىستىك سىياسىي مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش ........ 262

1. سوتسىيالىستىك سىياسىي مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى — سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم نىشانى ۋە كاپالىتى ........ 262

2. پارتىيە رەھبەرلىكى، خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا خوجا بولۇشى ۋە دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ........ 265

§2 . سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى راۋاجلاندۇرۇش ........ 268

1. جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ........ 268

2. ئاكتىپ، پۇختا قەدەم بىلەن سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ........ 282

3. تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىينى تۈزۈملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش ۋە تەرتىپلەشتۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ........ 287

3 § . دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش ........................ 289

1. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش — پارتىيىنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ دۆلەتنى تۈزەشتىكى ئاساسىي تەدبىرى ........................ 289

2. سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ........................ 298

IX باب جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ........................ 298

1 § . جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ........................ 298

1. جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت — سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى ........................ 298

2. ئىككى قولدا تۇتۇش، ھەر ئىككى قول قاتتىق بولۇش ........................ 302

2 § . جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە ئاساسىي فاڭجېنى ........................ 306

1. جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ... 306

2. جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي فاڭجېنى ........................ 308

3 § . جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى ۋە ئاساسىي مەزمۇنى ........................ 311

1. جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى ...... 311

2. ئىدىيە ـ ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ مىللىي روھنى جارى قىلدۇرۇش ۋە يېتىلدۈرۈش كېرەك ........................ 312

3. مائارىپ، پەن ـ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك ........................ 316

4 § . ئادەمنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشىنى تىرىشىپ ئىلگىرى سۈرۈش لازىم ........................ 320

1. ئادەمنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشىنى تىرىشىپ ئىلگىرى سۈرۈش سوتسىيالىستىك يېڭى جەمئىيەتنىڭ ماھىيەتلىك تەلىپى ........................ 320

2. ئادەمنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشى بىلەن ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە ئىقتىساد، مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىدۇ ۋە بىر ـ بىرىگە ئاساس بولىدۇ ........................ 322

X باب «بىر دۆلەت، ئىككى خىل تۈزۈم» ۋە ۋەتەننى تولۇق بىرلىككە كەلتۈرۈش ........................ 325

1 § . «تىنچ بىرلىككە كەلتۈرۈش، بىر دۆلەت، ئىككى خىل تۈزۈم» دىن ئىبارەت ئىلمىي تەسەۋۋۇر ........................ 325

1. «تىنچ بىرلىككە كەلتۈرۈش، بىر دۆلەت، ئىككى خىل تۈزۈم»

تەسەۋۋۇرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى …… 325

2. «بىر دۆلەت، ئىككى خىل تۈزۈم» تەسەۋۋۇرىنىڭ تۈپ مەزمۇنى …… 331

3. «بىر دۆلەت، ئىككى خىل تۈزۈم» تەسەۋۋۇرىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى …… 333

§2. «بىر دۆلەت، ئىككى خىل تۈزۈم» دىن ئىبارەت فاڭجېنىغا ئاساسەن، ۋەتەننى تىنچ بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك …… 337

1. «بىر دۆلەت، ئىككى خىل تۈزۈم» دىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئەمەلىيەت …… 337

2. تەيۋەن مەسىلىسىنى بالدۇرراق ھەل قىلىپ، ۋەتەننى تولۇق بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك …… 340

XI باب دۇنيانىڭ تىنچلىقىنى قوغداپ ئورتاق تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش …… 347

§1. تىنچلىق ۋە تەرەققىيات بۈگۈنكى دەۋرنىڭ ئاساسىي تېمىسى …… 347

1. دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۈگۈنكى دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەققىدىكى ئىلمىي ھۆكۈمى …… 347

2. پارتىيىنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ خەلقئارا ۋەزىيەت ھەققىدە چىقارغان يېڭى ھۆكۈمى …… 350

§2. مۇستەقىل ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولغان تىنچلىق دىپلوماتىيىسى سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇش …… 353

1. جۇڭگو دىپلوماتىيە سىياسىتىنىڭ تۈپ مەقسىتى …… 353

2. ئومۇمىي دائىرىلىك دىپلوماتىيىنى يولغا قويۇپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ دوستانە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى كەڭ دائىرىلىك راۋاجلاندۇرۇش …… 365

XII باب جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ رەھبەرلىك يادروسى ۋە تايانچ كۈچى …… 370

§1. جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى قۇرۇش ۋە قوغداشتىكى ئاساسىي كۈچ …… 370

1. ئىشچىلار سىنىپى دۆلەتكە رەھبەرلىك قىلىدىغان سىنىپ …… 370

2. دېھقانلار ئېلىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى سانى ئەڭ كۆپ تايانچ كۈچ …… 374

3. زىيالىيلار جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بىر قىسمى …… 375

4. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى خەلق دېموكراتىيە دىكتاتورىسىنىڭ مۇستەھكەم تۈۋرۈكى …… 377

5. يېڭى ئىجتىمائىي قاتلاممۇ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ قۇرغۇچىسى بولالايدۇ …… 379

§2. ئىتتىپاقلاشقىلى بولىدىغانلىكى كىشىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىش




此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

كېرەك ............................................................ 380
1. ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سەپنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ......... 380
2. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا تايىنىش كېرەك ............................................................ 384
§ 3. جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ رەھبەرلىك يادروسى ........................ 387
1. جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىنىڭ شەكىللىنىشى .......... 387
2. پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تۈپ كاپالىتى ........................ 389
§ 4. «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىگە ئاساسەن، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش كېرەك ............................ 392
1. پارتىيە قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئومۇمىي تەلەپ ............................................ 392
2. پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك ............................................................ 397
3. پارتىيىنىڭ ئىدىيە، تەشكىل، ئىستىل قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىش لازىم ............................................................ 399

**خاتىمە** ............................................................ 406

# I باب دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى — زامانىمىز جۇڭگوسىنىڭ ماركسىزمى

ماركسىزم دۇنيانى بىلىشىمىز ۋە ئۆزگەرتىشىمىزنىڭ قۇدرەتلىك ئىدىيىۋى قورالى، جۇڭگونىڭ ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ھەرىكەت قىبلىنەماسىدۇر. جۇڭگو خەلقى ماركسىزمنى تاپقاندىن كېيىن، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ قىياپىتى بىردىنلا يېڭى تۈسكە كىردى. پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، دېڭ شياۋپىڭ ئاساسىي ۋەكىللىكىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرى سوتسىيالىزم ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى دەۋرىنى ئېچىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، جۇڭگودا سوتسىيالىزم قۇرۇش، سوتسىيالىزمنى مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت تۈپ مەسىلىنى شەرھلەپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ياراتتى. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ماركسىزم - لېنىنىزم ئاساسىي قائىدىلىرىنىڭ زامانىمىز جۇڭگوسىنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى داۋامى ۋە راۋاجى، ماركسىزمنىڭ جۇڭگودىكى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچى، زامانىمىز جۇڭگوسىنىڭ ماركسىزمى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى كوللېكتىپ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرىدۇر. پۈتۈن پارتىيىنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇپ، كادىرلار ۋە ئاممىنى، بولۇپمۇ ياش ئەۋلادلارنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئارقىلىق تەربىيىلەپ، دۇنيانى بىلىش ۋە ئۆزگەرتىشتىكى بۇ قۇدرەتلىك ئىدىيىۋى قورالنى ئېلىمىز خەلقىگە ئىگىلىتىش سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئىدىيىۋى كاپالىتى.

## 1§ . دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى

### 1 . دەۋر تەرەققىياتىنىڭ تەلىپى

دەۋرنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكىنى توغرا تونۇپ، دۇنيا ۋەزىيىتىدىكى تەرەققىيات، ئۆزگىرىشلەرنى ئىگىلەش — پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ توغرا لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىشتىكى مۇھىم چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاساسى. زامانىمىز جۇڭگوسىدا زامانىمىز جۇڭگوسىنىڭ ماركسىزمى — دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يارىتىلىشى ھەرگىز تاسادىپىي ئىش ئەمەس، ئۇنى ئالدى بىلەن دەۋر تەرەققىياتىنىڭ تەلىپى بەلگىلىگەن. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىتىكى دەۋر ئالاھىدىلىكى لېنىنىزم ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىتىكى دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن

ئوخشايدۇ . لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ئۇرۇش ۋە ئىنقىلاب دەۋرىنىڭ ئاساسىي تېمىسىغا ئايلانغان تارىخىي شارائىتتا شەكىللەنگەن ۋە راۋاجلانغان ، ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسى قولغا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ، ھەممە جەھەتتىن جاھانگىرلارنىڭ قوراللىق مۇداخىلىسى ۋە قورشاپ ھۇجۇم قىلىشىدەك تەھدىتكە دۇچ كېلىپ ، خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە خەلقئارا ئىقتىسادتىن ئايرىلىپ يېتىم قالغانىدى . ھالبۇكى ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بارلىققا كەلگەن ۋاقىتتا ، خەلقئارا ۋەزىيەتتە زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى . بۇ خىل ئۆزگىرىشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى ، دەۋر تېمىسى ئۆزگەردى . ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ، كاپىتالىزم يېڭى تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويۇپ ، ئىنتايىن قالايمىقان يىللارنى باشتىن كەچۈرۈپ ، بىرقەدەر مۇقىم ۋە تەرەققىي قىلغان يىللارغا قەدەم قويدى ؛ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى يۇقىرى دولقۇننىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ ، مۇستەملىكە سىستېمىسى پارچىلىنىپ ، ئاسىيا ، ئافرىقا ، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى يۈز نەچچە دۆلەت ئارقا ـ ئارقىدىن مۇستەقىل بولۇپ ، تەرەققىياتقا جىددىي موھتاج بولدى ؛ دۇنيا مىقياسىدا زومىگەرلىككە قارشى كۈچلەر ئۈزلۈكسىز كۈچىيىپ ، ئۇرۇشنى چەكلەيدىغان ئامىللار تەدرىجىي كۆپەيدى . ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ساداسى بارغانسېرى كۈچەيدى . بۇ مەزگىلدە دۇنيانىڭ قىسمەن رايونلىرىدا يەنىلا ئۇرۇش يۈز بېرىپ تۇرغان بولسىمۇ ، لېكىن ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن 30 نەچچە يىل داۋاملاشقان جىددىي خەلقئارا ۋەزىيەت تىنچلىنىپ ، خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە دۇنيا ئۇرۇشى يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بارغانسېرى كىچىكلىدى . دەۋرنىڭ ئاساسىي تېمىسى ئۇرۇش ۋە ئىنقىلابتىن تىنچلىق ۋە تەرەققىياتقا ئۆزگەردى . دېڭ شياۋپىڭ ھازىرقى دەۋردىكى خەلقئارا ۋەزىيەتتە يۈز بەرگەن بۇ زور ئۆزگىرىشلەرنى نەزەردە تۇتۇپ ، نەزەرىيە جەھەتتىكى غايەت زور جاسارىتى ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھى بىلەن ھازىرقى دەۋرنىڭ ئاساسىي تېمىسىغا ئىلمىي ھۆكۈم قىلدى . ئۇ ئېنىق قىلىپ : «ھازىر دۇنيادىكى ھەقىقىي چوڭ مەسىلىنىڭ ، يەر شارى تۈسىنى ئالغان ئىستراتېگىيىلىك مەسىلىنىڭ بىرى تىنچلىق مەسىلىسى ، يەنە بىرى ئىقتىسادىي مەسىلە ، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ، تەرەققىيات مەسىلىسى . تىنچلىق مەسىلىسى شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلە ، تەرەققىيات مەسىلىسى جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلە . بۇنى شەرق بىلەن غەربنىڭ ، جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ مەسىلىسى دەپ يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ . جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ مەسىلىسى يادرولۇق مەسىلە .»[1] دەپ كۆرسەتتى .

دەۋرنىڭ ئاساسىي تېمىسى ئۆزگىرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ئۇرۇشتىن كېيىن تەدرىجىي ئەۋج ئالغان يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابى دولقۇنىنىڭ تەسىرىدىن ھازىرقى دۇنيادا چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى . ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكىسى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ ، ئىنسانلار بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۇنۇملۇك ياخشىلاپلا قالماستىن ، بەلكى ئۇنىڭ

① «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» ، ئۇيغۇرچە نەشرى ، 3 ـ توم ، 215 ـ ، 216 ـ بەتلەر .

ئىجتىمائىي فۇنكسىيىسىنىمۇ غايەت زور دەرىجىدە كېڭەيتىپ، خەلقئارا سىياسىي، ئىقتىساد، ھەربىي ئىشلار، ھەتتا كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش شەكلىگىچە غايەت زور ھەم چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى ھەرقايسى ئەللەر ۋە ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىگە نىسبەتەن ھەم كەسكىن خىرىس، ھەم پايدىلىق تەرەققىيات پۇرسىتى ئېلىپ كەلدى. ھەرقايسى ئەللەر يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابى تەمىن ئەتكەن پايدىلىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆز دۆلىتى ۋە ئۆز مىللىتىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات يولى ئۈستىدە ئىزدەنمەكتە. تەرەققىيات چىلىك قائىدىگە، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەرقايسى ئەللەرنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسىگە ئايلانماقتا. خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ كىشىلەر بۈگۈنكى دۇنيادا دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەتنىڭ ئاساسەن ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى جەھەتتىكى رىقابەت؛ دۆلەت كۈچى جەھەتتىكى رىقابەتنىڭ ئاساسەن ئىقتىساد ۋە پەن - تېخنىكا جەھەتتىكى رىقابەت ئىكەنلىكى، قايسى ئەل ئىقتىساد ۋە پەن - تېخنىكا جەھەتتە قانچە تەرەققىي قىلغان بولسا، شۇ ئەلنىڭ دۆلەت كۈچىنىڭ شۇنچە زور، تەسىر كۈچىنىڭ شۇنچە كەڭ، پىكىر قىلىش ھوقۇقىنىڭ شۇنچە چوڭ بولىدىغانلىقىنى بارغانسېرى ئېنىق كۆرۈپ يەتمەكتە. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئىقتىساد ۋە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بۈگۈنكى كۈندە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ۋە دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتنى چەكلەيدىغان ئاساسىي كۈچكە ئايلاندى. تەرەققىيات مەسىلىسى بارغانسېرى گەۋدىلىك مەسىلىگە ئايلانماقتا.

دەۋرنىڭ تەرەققىياتى بىزنى ھەم تېپىلغۇسىز پايدىلىق پۇرسەت بىلەن تەمىن ئەتتى، ھەم كەسكىن خىرىس ئېلىپ كەلدى. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى شۇنىڭ ئۈچۈن زامانىمىز جۇڭگوسىنىڭ ماركسىزمىغا ئايلىنالىدىكى، ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا بىر مۇھىم سەۋەب شۇكى، دۇنيادا غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنىڭ يۈز بېرىشى، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىشى ماركسىزمدىن بىر يېڭى زور تەرەققىياتقا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلدى. دېڭ شياۋپىڭ: «دۇنيا ۋەزىيىتى كۈندىن - كۈنگە ئۆزگىرىپ بېرىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ زامانىۋى پەن - تېخنىكا ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. ھازىرقى بىر يىل ئۆتكەن قەدىمكى جەمئىيەتتىكى نەچچە ئون يىلغا، يۈز يىلغا، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن ۋاقىتقا تەڭ كېلىدۇ. ماركسىزمنى يېڭى ئىدىيە، يېڭى نۇقتىئىنەزەر بىلەن داۋاملاشتۇرمىغان، راۋاجلاندۇرمىغانلار ھەقىقىي ماركسىزمچى ئەمەس»[1] دېگەنىدى. سۇبيېكتىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، بىر تۈپ سەۋەب شۇكى، دېڭ شياۋپىڭ دەۋر يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، دەۋر تەرەققىياتىنى سەزگۈرلۈك بىلەن ئىگىلىگەن ھەمدە جۇڭگونىڭ مەسىلىسىنى دۇنياۋىي نەزەر بىلەن كۆزەتكەن ۋە بۇ ھەقتە پىكىر يۈرگۈزگەن. ئۇ تۈزگەن بارلىق مۇھىم تەدبىرلەر، ئوتتۇرىغا قويغان بارلىق مۇھىم نەزەرىيىۋى قاراشلار بۇ نۇقتا بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش تەدبىرى بۇ نۇقتا بىلەن مۇناسىۋەتلىك. جۈملىدىن، دەۋرنىڭ

---

[1] «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 - توم، 599 -، 600 - بەتلەر.

ئاساسىي تېمىسى ئۆزگەرگەنلىكى ھەققىدىكى توغرا ھۆكۈم بىلەن مۇناسىۋەتلىك. دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دېگەنىدى: «بىز ئەنە شۇنداق ھۆكۈم ئاساسىدا پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش فاڭجېنىنى بەلگىلىدۇق.»① ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش تەدبىرى ۋە نەزەرىيىسىمۇ بۇ نۇقتا بىلەن مۇناسىۋەتلىك. دېڭ شياۋپىڭ: «بىز دەۋرنىڭ قەدىمىگە يېتىشىۋالماقچىمىز، بىزنىڭ ئىسلاھاتتا يەتمەكچى بولغان مەقسىتىمىزمۇ شۇ»② دەپ كۆرسەتكەنىدى. 1984 - يىلىدىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قاراردا مۇنداق يېزىلغان: «دۇنيا مىقياسىدا ئەۋج ئېلىۋاتقان يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابى ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا يېڭى پۇرسەت ۋە خىرىس ئېلىپ كەلدى. بۇ بىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىمىزدىن زامانىمىزدىكى ئەڭ يېڭى پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېڭى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تېخىمۇ قۇدرەتلىك ئىقتىدارىنى بەرپا قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش تولىمۇ زۆرۈر.»③ سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش تەدبىرى ۋە نەزەرىيىسىمۇ بۇ نۇقتا بىلەن مۇناسىۋەتلىك. دېڭ شياۋپىڭ: «ھازىرقى دۇنيا — ئوچۇق دۇنيا»④ دېگەنىدى. قىسقىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئاساسەن، دەۋر تەرەققىياتى ئېلىپ كەلگەن پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش، دەۋر تەرەققىياتى ئوتتۇرىغا قويغان خىرىسقا ماسلىشىش جەريانىدا شەكىللەنگەن ۋە راۋاجلانغان.

## 2. تارىخىي تەجرىبىلەرنىڭ ئىلمىي يەكۈنى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىز خەلق ئىگىلىكىنى ئوڭشۇلۇق ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، روشەن جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش يولىدا ماڭدۇق. سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنى غەلىبىلىك تاماملاش بىلەن بىرگە تەجرىبە بولمىغان ئەھۋالدا ئاساسەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەندىزىسى بويىچە ئىش تۇتتۇق. 1956 - يىلى سوۋېت كومپارتىيىسى 20 - قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىشى ۋە پولشا - ۋېنگرىيە ۋەقەسىنىڭ يۈز بېرىشى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئەندىزىسىنىڭ يېتەرسىزلىكلىرى دەسلەپكى قەدەمدە ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى؛ بىز 1 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ئەمەلىيەت جەريانىدىمۇ بۇ ئەندىزىنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى ھېس قىلغانىدۇق. ماۋزېدۇڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئۆرنەك قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، ئۆزىمىزنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش يولى ھەققىدە ئىزدىنىشىمىز لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئىزدىنىش جەريانىدا بەزى توغرا ۋە بىرقەدەر توغرا بولغان نەزەرىيىۋى قاراش، فاڭجېن، سىياسەت ۋە ئەمەلىي تەجرىبىلەر شەكىللەندى. مەسىلەن، ئېلىمىز سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات يولى ۋە ئەندىزىسى مەسىلىسىدە ماركسىزمنىڭ ئومۇمىي قائىدىلىرىنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۆز يولىمىزدا مېڭىش، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ

① «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 - توم، 480 - بەت.
② «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 - توم، 501 - بەت.
③ «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى»، خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 5 -، 6 - بەتلەر.
④ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 - توم، 130 - بەت.

تەجرىبە ۋە ئەندىزىسى بويىچە ئىش قىلىشقا قارشى تۇرۇش تەكىتلەندى؛ ئېلىمىز جەمئىيىتىدىكى تۈپ زىددىيەت ۋە ئاساسىي زىددىيەت جەھەتتە سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىكى تۈپ زىددىيەت ۋە خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى نەزەرىيە ئوتتۇرىغا قويۇلدى؛ ئىقتىسادىي جەھەتتە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش نىشانى ۋە «يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس، سانائەتنى يېتەكچى قىلىش»، «يېزا ئىگىلىكى، يېنىك سانائەت، ئېغىر سانائەت» تەرتىپى بويىچە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىدىيىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى؛ پەن - مەدەنىيەت جەھەتتە، «بارچە گۈللەر تەڭشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» يېتەكچى فاڭجېنى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ۋەھاكازا. بۇ ئىدىيە ۋە نەزەرىيىۋى مۇۋەپپەقىيەتلەر پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ قىممەتلىك ئىدىيىۋى بايلىقى بولۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. لېكىن بىز بۇ مەزگىلدە ئاز بولمىغان خاتالىقلارنى سادىر قىلىپ، نۇرغۇن ئەگرى يوللاردا ماڭدۇق. بۇلار ئاساسەن ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۇنۇمگە ئېرىشىشكە ئالدىراپ كېتىش، قارىسىغا ئىش كۆرۈش ۋە ئالدىراقسانلىق قىلىش؛ سىياسىي جەھەتتە «سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش»تا چىڭ تۇرۇشتا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ يېتەرسىزلىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلاملىق سەۋەبلەر شۇكى، بىرىنچىدىن، پارتىيىمىزنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئىدىيىۋى لۇشيەنىدىن چەتلەپ، ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەت، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزم مەزگىلىدىكى ئاساسىي زىددىيىتى ۋە جۇڭگونىڭ رېئال، كونكرېت دۆلەت ئەھۋالى خاتا مۆلچەرلەنگەن ۋە بۇ ھەقتە خاتا ھۆكۈم چىقىرىلغانلىقتىن، خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىشتا ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ قېلىشتەك سۇبيېكتىۋىزم كېلىپ چىقتى؛ ئىككىنچىدىن، سوتسىيالىزم دېگەن نېمە ۋە سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرىمىز دېگەن مەسىلە پۈتۈنلەي ئايدىڭلىشىپ كەتمىدى. نۇرغۇن مەسىلىلەردە سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزمنىڭ پەرقىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتتۇق. شۇنىڭ بىلەن زېھنىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، سوتسىيالىزمنىڭ بەزى تۈزۈم ۋە تۈزۈلمىلىرىنى ئۈنۈملۈك ئىسلاھ قىلىشقا مۇمكىن بولمىدى. ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى ئەگرى - توقايلىق ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارنى باشتىن كەچۈردى. بولۇپمۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» پارتىيە، دۆلەت ۋە خەلققە ئېغىر بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ۋە جۇڭگو خەلقىنى چوڭقۇر ئويغا سالدى. دېڭ شياۋپىڭ 1957 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن بۇيانقى «سول»چىل خاتالىقلارنى: «ئومۇمەن ئېيتقاندا، تاشقى جەھەتتە بېكىنمىچىلىك قىلىندى، ئىچكى جەھەتتە سىنىپىي كۈرەش تۇتقا قىلىندى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا سەل قارالدى، تۈزۈلگەن سىياسەتلەر سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىن ھالقىپ كەتتى.»[①] دەپ يىغىنچاقلىغان. دېڭ شياۋپىڭ: «ھازىرقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىمىز مۇۋەپپەقىيەت قازانغان مەزگىلدىكى تەجرىبىلەرنى، مەغلۇپ

① «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 - توم، 557 - بەت.



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com